دولقۇن ئىسانىڭ گۇۋاھلىق باياناتى

| | |
|---|---|
| ئىسىم: | دولقۇن ئىسا |
| جىنسى: | ئەر |
| ياش: | 54 |

مېنىڭ ئىسمىم دولقۇن ئىسا، مەن 1967- يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى ئاقسۇ شەھرىدە تۇغۇلدۇم. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا پۈتتۈرۈپ ، 1984- يىلى ئۈرۈمچىدە "شىنجاڭ" ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىك فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. دادام ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىدا ئېنجېنېر بولۇپ، ئاپام بىر ماگىزىندا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

1. مەن 1987 يىلى "شىنجاڭ" ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بەزى دوستلىرىم بىلەن ,,ستۇدېنتلار پەن-مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى"نى قۇردۇم. چۈنكى مېنىڭ ئۇ ۋاقىتىدىكى پىكرىم بويىچە، ئۇيغۇرلار ئىلىم- مەرىپەتتىن ساۋاتسىز قالغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قانداق ھەق-ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ھەققىدىنمۇ مەلۇماتى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن دەپسەندە بولۇۋاتاتتى. خىتاي ئاساسى قانۇنى ۋە 'مىللي تېرىتورىيەلىك قانۇن بويۇنچە نۇرغۇن ھەقلەر بولسىمۇ، بۇ قەغەز ئۈستىدە بولۇپ ئىجرا قىلىنمايتتى . بىز دوستلار بىلەن يېزا -قىشلاقلاردا تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ، ئۇيغۇرلارنى تەربىيەلىسە خەلقىمىز خىتاينىڭ قەغەز ئۈستىدىكى ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنى ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلالايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

2. ئۇيۇشمىمىزنىڭ مەقسىتى، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنى، تەتىل ۋاقتىدا شەرقي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى يېزا -قىشلاقلىرىغا ئەۋەتىپ، مەقسىز ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان .

3. 1988-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى، 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشى ئېلىپ باردۇق. شۇ كۈنى نامايىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى مېنى ، ئەركىن تۇرسۇن ( ھازىر ئۇ تۈرمىدە، 2018-يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ 17 يىللىق قاماق ھۆكۈم قىلغان) ئىككىمىزنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كوممۇنىست پارتىيە مەركىزىگە سوھبەتكە چاقىردى. سۆھبەتكە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سېكرېتارى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتناشتى. سۆھبەت 5 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان بولۇپ چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە ئاخىرلاشتى . سۆھبەت جەريانىدا ھېچ بىر نەتىجىگە كېلەلمىدۇق .

4. بىز سۆھبەتتىن ئۇنىۋېرسىتېتىگە قايتىپ كەلدۇق ۋە كوچىغا چىقىپ نامايىش باشلاشقا قارار بەردۇق. ھەر قايسى كوچىلىردا كەڭ-كۆلەملىك نامايىشنى باشلىۋەتتۇق. سائەت ئىككىدە باشلانغان نامايىش كەچكىچە داۋاملاشتى. نامايىشتىن كېيىن ئەتىسى بۇ نامايىشنى داۋاملاشتۇردىغانلىقىمىزنى قارار قىلدۇق.

5. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىرېكتورى مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ مېنى يىغىلىڭ بار دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر ئويدە 8 ئوقۇغۇچى بىرگە ياتاتۇق. ئۇنىۋېرسىتېت مەسئۇللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يېرىم كەچكىچە سوئال-سوراق بولدى. ئۇلار مېنى ئەتە ئېلىپ بارماقچى بولغان نامايىشىمىزنى قىلماسلىقىقا قىستىدى.

6. ئەتىسىدىن باشلاپ مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دائىرىسىدىن سىرتقا چىقىشىم چەكلەندى. مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئەتراپىنى ساقچىلار قورشاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىشى قامال قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن نامايىش قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىۋېرسىتېتىدە دەرس توختۇتۇلۇپ، تەكشۈرۈش باشلاندى .

7. دەرس توختۇتۇلۇپ، تەكشۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە، خاتالىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاندى. ھەركۈنى ئوخشاش نەرسىنى تەكرارلاپ

يېزىشقا بۇيرۇيتتى . يازغان ھېكايىمىزدە ئازراق ئوخشىماسلىق بولغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ھېساۋاتى سورۇلاتتى .

8. بۇ جەريان ئۈچ يېرىم ئاي داۋاملاشقان بولۇپ 1988 يىلى 9 ئاينىڭ 27 كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان بارلىق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ يىغىن ئۆتكۈزۈپ مېنى ۋە ۋارىس ئابۇبەكرنى ئۇنىۋېرسىتېتتىن قوغلاندى قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.(2020 يىلى ئالغان مەلۇماتلىرىمغا قارغاندا ۋارىس ئابۇبەكىر 2018 يىلى لاگېرغا سولۇنۇپ 2019 يىلى 11-ئايدا قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كىيىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن). بىزدىن باشقا يەنە 13 قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاشمىغان شەكىلدە جازا بېرىلدى . بۇ ۋاقىت مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈشكە 8 ئاي قالغان بولۇپ، مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئېلىشىمغىمۇ رۇقسەت قىلىنمىدى.

9. مەكتەپتىن ھەيدەلگەندىن كىيىن ۋارىس ئابۇبەكىر بىلەن ئىككىمىز بېيجىڭغا بېرىپ ، دۆلەتلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىگە ئەرز سۇندۇق. بىزنى ھەقسىز بىر شەكىلدە مەكتەپتىن قوغلاندى قىلدى دەپ شىكايەت قىلدۇق. ئۇ يىللاردا بىز ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ دەرد ئەھۋالىمىزنى ئېيتىش ئىمكانىيەتلىرى بار ئىدى. بېجىڭدىكى دۆلەتلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىزنى قوبۇل قىلىپ ئەرز-شىكايەتلىرىمىزنى ئاڭلىدى. گەرچە بۇ ئەرزدىن بىر نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا ئەرز-شىكايەتلىرىمىزنى ئاڭلىغان ئىدى.

10. بېجىڭدىكى ئەرزىمدىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كىيىن، ئاقسۇدىكى ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئاقسۇغا كەلگەندىن كىيىن، ئاقسۇدا ئېڭگىلىزچە، رۇسچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە قاتارلىق چەت تىللارنى ئۆگۈتىدىغان بىر تىل مەكتىپى ئېچىشنى پىلان قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تىللارنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەر ۋە كۇرس ئېچىشقا يېتەرلىك مەبلەغ سالىدىغان تىجارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپلىگەن قوللاشلارغا ئېرىشكەن بولسامۇ، ئەمما ھۆكۈمەت مېنىڭ بۇنداق مەكتەپ ئېچىشىمغا ئىجازەت بەرمىدى .

11. ئاقسۇدا تىل مەكتىپى ئېچىش ھەرىكىتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا بېرىپ بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېڭگلىزچە ۋە تۈركچە تىل كۇرسلىرىغا قاتناشتىم. 1990 دىن 1992 گىچە تىل ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا بېيجىڭدا تۇرمۇش قۇردۇم. 1992 دىن 1994 گىچە بېيجىڭدا ئۇيغۇر رېستورانى ئاچتىم.

12. رېستورانىم بېجىڭدىكى باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ رېستورانلىرى جايلاشقان كوچىدا بولۇپ سودام يەرلىك ۋە چەتئەللىك خېرىدارلىرى بىلەن خېلى ياخشى ئىدى. بۇ شارائىت مېنىڭ ئېڭگلىز تىلنى پىراكتىكا قىلىشىمغا پايدىلىق رول ئوينىدى. بۇ جەرياندا خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرى مېنىڭ رېستورانىمنى كۆزىتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. كېيىن خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرى رېستورانىم ئۈچۈن مەخسۇس دوكلات تەييارلاپ داۋاملىق تەقىب قىلىپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ دېلودا مېنىڭ رېستورانىم چەتئەللىكلەر بىلەن ئۈچۈر ئالماشتۇرىدىغان ، ئىشپىيونلۇق ئالاقىلىشىش ئورنى دەپ بېكىتىلگەن ئىكەن. بۇ مېنىڭ ھاياتىم ئۈچۈن بەك خەۋپلىك ئىدى.

13. 1994يىلى 2-ئايدا مېنى بېيجىڭدىكى ساقچى ئىدارىسىغا چاقىرىلىپ مېنىڭ رېستورانىمغا نېمە ئۈچۈن چەتئەللىك خېرىدارلارنىڭ كۆپ كېلىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ سوئاللار سورالدى. مەن ئۇلارغا ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ تەملىك ۋە پەرقلىق بولغانلىقىنى ، يالغۇز مېنىڭ رېستۇرانىمغىلا ئەمەس، باشقا بارلىق ئۇيغۇر رېستورانلاردىمۇ چەتئەللىك خېرىدارلار كىرىپ تاماق يەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم ۋە رېستورانىمدا ئەڭ كۆپ بىكارلىق تاماق يەيدىغان ساقچىغا ,,سەنمۇ مېنىڭ رېستورانىمدا كۆپ تاماقلارنى يېگەن بولساڭ باشقىلارمۇ ساڭا ئوخشاش تاماق يەيدۇ‟ دەپ جاۋاپ بەردىم. سوراقتىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بولساممۇ، بۇ نۆۋەتلىك سوراق مەن ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

14. مېنىڭ ھاياتىمغا چوڭ بىر خەۋپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغانلىقىم ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنى ئويلىدىم. لېكىن ئايالىم بىرىنچى پەرزەنتىمگە ھامىلىدار ئىدى. بۇنداق شارائىتتا تاللاش قىيىن ئىدى. ئامما ئايالىم مېنىڭ ئىمكان قەدەر چاققانراق چەتكە چىقىپ كېتىشىمنى تەشەببۇس قىلدى. ساختا پاسپورت بېجىرىپ شۇ ئارقىلىق چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم .

15.	1994يىلى 5-ئايدا ھامىلدار ئايالىمنى قويۇپ قويۇپ تۈركىيەگە سەپەر قىلدىم. 1994-يىلى 12-ئايدا مەن تۈركىيەدىكى ۋاقتىمدا قىزىم تۇغۇلدى.  مەن 1996-يىلىغىچە تۈركىيەدە ئۇنىۋېرسىتېتتا سىياسەت بويىچە ماگېستەرلىك ئوقۇدۇم. 1996-يىلى 2-ئايدا ئايالىم تۈركىيەگە كەلدى.

16.	مەن تۈركىيەگە كېلىپ ,,شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار-ياشلار جەمئىيىتى” دېگەن تەشكىلاتنى قۇردۇم. خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ تۈركىيەگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

17.	مەندە خىتاينىڭ ساختا پاسپورتى بولغانلىقى، تۈركىيەدىكى ئۈزۈن مۇددەت تۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولىدىغانلىقى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ھەر خىل توسالغۇلار بولىدىغانلىقى سەۋەبلىك، دوستلىرىم مېنى گېرمانىيەگە بېرىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەشنى تەشەببۇس قىلىشتى. 1996-يىلى 6-ئايدا گېرمانىيەگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم. سىياسىي پاناھلىقىم 1996-يىلى 11-ئايدا قوبۇل قىلىندى. 1998-يىلى گېرمانىيەدە ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ۋەتەندە قېلىپ قالغان قىزىممۇ ئۈچ يېرىم يېشىدا گېرمانىيەگە كېلىپ، ئائىلىمىز جەم بولدى. مەن قىزىم بىلەن تۇنجى قېتىم 1998 يىلى گېرمانىيەدە كۆرۈشتۇم.

18.	-1996يىلى 11-ئايدا گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنى قۇردۇق، مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى بولۇپ سايلاندىم. 1999-يىلى 10-ئايدا شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتاي قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئىككى تەشكىلات 2004-يىلى 4-ئايدا گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە بىرلىشىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قۇرۇپ چىقتى. مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپى بولۇپ سايلاندىم .

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ,,تېررورچى ” دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈشى

19. 2001-يىلى 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچ بىر ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنى تېررورىست دەپ ئاتىمىغان. لېكىن 11 سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورىزىمگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىن كىيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 2003-يىلى 12-ئايدا 4 ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى، شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى) ۋە 11 نەپەر ئۇيغۇرنى تېررورىست دەپ ئېلان قىلدى. مەن 11 نەپەرنىڭ ئىچىدىكى تىزىملىكتە 3-ئورۇندا ئىدىم.

20. 2002-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىراقتا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بەزى كېلىشىملەرنى قىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدىن چەتئەلدىكى بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنى ,, تېررورىست تىزىملىكىگە“ كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. ئامېرىكا خىتاينىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن 2002-يىلى ,,شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى“ دېگەن تەشكىلاتنى ,, تېررورىست تىزىملىكىگە“ كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى بۇندىن ئىلگىرى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. نېمە بولسا بولسۇن ئۆتكەن يىلى(2020-يىلى) 11-ئايدا ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىكە پومپېو ( Mike Pompeo) ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنى ,, تېررورىست تىزىملىكىدىن“ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى .

21. د ۇ ق ھېچ قاچان شىددەت قوللانمىغان ۋە ھەر ۋاقىت شىددەتكە قارشى تۇرۇپ كەلدى. بىزنىڭ پرىنسىپىمىز ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، خەلقئارا قانۇن-پرىنسىپلارغا بوي سۇنغان ئاساستا تىنچلىق ۋە دىيالوگ يوللىرى بىلەن مەقسەت-مۇرادىمىزغا يېتىش . مەن ھاياتىمدا ھېچقاچان شىددەتكە ئارىلىشىپ باققان ئەمەس ۋە تەشەببۇستىمۇ بولمىغان.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇزلۇكسىز ھۇجۇملىرى

22. 2019-يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى، ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى نانسي پېلوسى (Nancy Pelosi) خانىم، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ لىدەرلەرىدىن لىز چەنەي (Liz Cheney,) خانىم ۋە ھەر ئىككى پارتىيەدىن پارلامېنت ئەزالىرى، سەنەتورلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا، د ۇ ق غا 2019-يىللىق دۇنيا دېموكراتىيە مۇكاپاتى تەقدىم قىلدى. بۇ مۇكاپاتنىڭ د ۇ ق قا بېرىلگەنلىكىگە ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق خىتاي باش ئەلچىسى نارازىلىق بىلدۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا 2016-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا، كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى تەرىپىدىن ماگنا كىشلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بېرىلگەن ئىدى. خىتاي دائىرلىرى بۇ مۇراسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىدى .

23. مەن خەلقئارادا ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىمدا، خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن نۇرغۇن سۇيىقەستلىرىگە ۋە بېسىمغا دۇچار بولدۇم. 2013-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقاندا ، ب د ت بىخەتەرلىك خادىملىرى مەن بىلەن سەبداشلىرىمنى ب د ت يىغىنىدىن چىقىپ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىز سەۋەبىنى سورىغىنىمىزدا ، بىخەتەرلىك مەسىلىسى دەپلا جاۋاب بەرگەن ئىدى. 2016-يىلغا كەلگەندە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ خادىمى ئېمما رېللي (Emma Reilly) خانىم قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ب د ت ئەمەلدارلىرى بىزنىڭ تىزىملىكىمىزنى خىتاي دائىرىلىرى بىلەن ئورتاقلاشقان. بۇ ھەقتە يېقىندا ب د ت نىڭ ئىچكى قىسىمىدا تالاش-تارتىش ۋە ئاشكارىلىنىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى .

24. 2017-يىلى د ۇ ق قا ۋاكالىتەن سەبدىشىم بىلەن ئىككىمىز نىيۇيوركتىكى ب د ت نىڭ يەرلىك خەلقلەر يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدۇق. يىغىن جەريانىدىكى ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ب د ت نىڭ بىخەتەرلىك خادىملىرى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، كىملىكىمنى تەلەپ قىلدى ۋە مېنى ب د ت نىڭ بىناسىدىن چىقىرىۋەتتى. مەن دەرھال بۇ ئەھۋالدىن دوستلىرىمنى خەۋەردار قىلدىم. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى بىرلىكتە بايانات ئېلان قىلدى. كېيىن بۇ ۋەقەنىڭ ئارقىسىدا خىتاي ھۆكۈمەتىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم بولدى.

ب د ت مۇئاۋىن باش كاتىپى ئاندرې گىلمورې (Andrea Gilmore) ئەپەندىم بۇ ۋەقەنى ب د ت نىڭ ئومۇمىي دوكلاتىغا كىرگۈزدى .

25. 2018-يىلى مەن ب د ت نىڭ يەرلىك خەلقلەر دائىمى مۇنبىرىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى. لېكىن يىغىن باشلىنىشقا 3 كۈن قالغاندا، بىر ئېلېكترونلۇق خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم ۋە خەتتە مېنىڭ ئىلتىماسىمنىڭ توختۇتۇپ قويۇلغانلىقىنى ، تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. مەن بۇ خەۋەرنى ب د ت نىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئاندرې گىلمورې (Andrea Gilmore) ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا ۋە ئىنسان هەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى سوفىئە رىچاردسون (Sophie Richardson) خانىملارغا بىلدۈردۇم. ئۇلار نىيويوركقا كېلىۋېرىشىمنى، مەسىلىنى نىيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن بىرلىكتە هەل قىلىدىغانلىقىنى دېدى. مەن نىيۇيوركقا كېلىپ، ئەتىسى يىغىن كاتىباتلىق ئىشخانىسىغا كىرىش كارتىسى ئېلىش ئۈچۈن كەلگىنىمدە، ماڭا كارت بېرىش رەت قىلىنىدى. مەن بۇ ئەهۋالنى گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئېلېكترونلۇق خەت بىلەن بىلدۈردۇم. سوفىئە رىچاردسون (Sophie Richardson) خانىم مۇ ئامېرىكىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كېللىي چۇررىي (Kelley Currie) خانىم بىلەن ئالاقىلىشىۋاتاتتى . ئۇلار مېنىڭ كىرىش كارتىمنى هەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خىتاي تەرەپنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن يەنىلا رەت قىلىنىدى. مەن بىر هەپتە نيوۋيوركتا تۇرۇپ، يىغىنغا كىرىش كارتىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، شۇ هەپتە ئاخىرىدا ياۋروپاغا قايتىپ كەلدىم. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش كارتامنىڭ هەل بولغانلىقى هەققىدە خەۋەر كەلدى. مەن دەرهال ب د ت نىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قايتا نيۇيوركقا ئۇچتۇم. مەن قايتا نيۇيوركقا بارغاندىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ ئەلچىخانىسىنىڭ خادىمى ماڭا هەمراھ بولۇپ، كىرىش كارتى رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىشكە ياردەم قىلدى. مەن يىغىندا سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئەمما خىتاي ئەمەلدارلىرى مېنىڭ سۆزۈمنى كېسىپ، د ۋ ق تېررورىست تەشكىلات ۋە بۇ گەپ قىلىۋاتقان ئادەم مۇ تېررورىست دەپ مېنىڭ سۆز قىلىش هوقۇقۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن هەرىكەت قىلدى. خىتاي دائىرلىرنىڭ بۇ هۇجۇمغا جاۋابەن ئامېرىكىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئەگەر ئۇ تېررورىست بولغان بولسا ئامېرىكىغا كىرىش ئۈچۈن ۋىزا ئالالمىغان بولاتتى دېدى . گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىمۇ ئۇ تېررورىست بولغان بولسا بىز ئۇنىڭغا ۋەتەنداشلىق بەرمىگەن بولاتتۇق دېدى . شۇنىڭ بىلەن ب د ت نىڭ ئىچىدە تالاش-تارتىش يۈز بەرگەن بولۇپ، تالاش-تارتىشتا روسسىيە، پاكىستان، كۇبا

قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينى قوللىدى، ئەنگلىيە، ئىسرائىل ۋە باشقىلىرى ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەنى قوللىدى. نەتىجىدە مەن دوكلاتىمنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

26. 2009-يىلى 9-ئايدا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ دىرېكتورى ھەيدى ھاۋتالا ( Heidi Hautala ) خانىم (ھازىر ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى )، د ۇ ق سابىق رەئىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلىكتە 2009-يىلى 5 ئىيۇل ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا مەتبۇئات يىغىنى ئۆتكۈزدى. خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇ يىغىنغا قارشى چىقىپ ھەيدى ھاۋتالا ( Heidi Hautala ) خانىمدىن بۇ يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەيدى ھاۋتالا ( Heidi Hautala ) خانىم خىتاينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ بۇ يىغىننى ئۆتكۈزدى . ئۇرۇمچى نامايىشى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇلغان ئىدى. پۈتۈن توك ۋە ئالاقە سىملىرى ئۈزۈپ تاشلانغان ئىدى. خىتاي دائىرىلىرى نامايىشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى 197 دەپ دۇنياغا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇمەتىمىزغا ئاساسلانغاندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 1000 دىن ئارتۇق بولغانلىقى مەلۇم.

27. 1997-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى جىنايەتچى ۋە قاتىل دەپ، خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى تەرىپىدىن خەلقئارالىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئىدى. 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ماڭا ,,تېررورىست“ دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا بېرىپ ,,قىزىل تىزىملىككە“ كىرگۈزدى. مەن 21 يىل ,, تېررورىست “ دېگەن قالپاق ئاستىدا ياشىدىم. مەن شىۋېتسارىيە ، جەنۇبى كورىيە، ئىتالىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە، كۆپ قېتىم تۇتقۇن قىلىندىم ، ساقچىلار تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان بولساممۇ ھېچقاچان ئۈمۈدىمدىن ۋاز كەچمىدىم . نەتىجىدە 2018-يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىدىكى ,, تېررورىست “ دېگەن ,, قىزىل تىزىملىكتىن“ چىقىرىلدىم.

مېنىڭ ئائىلەم

28. مەن 1994-يىلدىن بېرى ئاتا-ئانامنى كۆرمىدىم. بىر نەچچە قېتىم ئۇلارغا گېرمانىيەدىن چاقىرىق ئەۋەتكەن بولساممۇ، خىتاي دائىرىلىرى ئۇلارغا پاسپورت ئىشلەپ بېرىشنى رەت قىلدى. مەن بۇ جەرياندا ئۇلار بىلەن بىرەر قېتىم سىنلىق بولسىمۇ كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولمىساممۇ ، ئامما 2017-يىلغىچە تېلفۇندا بولسىمۇ سۆزلىشىش پۇرسىتىم بولغان ئىدى. پۈتۈن تېلفۇنلۇرۇم ۋە ئالاقىلىرىم خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىناتتى . چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ ئاتا-ئانامغا «ئىنتېرنېت» تور ئىشلىتىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىدى .

29. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2017-يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئاپام بىلەن تېلفۇندا سۆزلەشكىنىمدە ، ئۇنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىشكە تازا مەيلى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئايالىم ئاپامغا تېلفۇن ئۇرسا، ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقاچان تېلفۇن ئۇرماڭلار دەپ قويۇۋېتىپتۇ . شۇ كۈندىن بېرى ئائىلىمىز بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلدى .

30. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتا-ئانامغا سېنىڭ بالاڭ ,,تېررورىست“ دەپ دائىم كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ۋە ئۇلارغا بېسىم قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى.

31. -2018يىلى ئاۋسترالىيەدىكى بىر دوستۇمدىن ئاپامنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىك خەۋىرنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ ئائىلەم بىلەن ھېچبىر ئالاقەم بولمىغاچقا بۇ خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتىنى بولمىدى. لېكىن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ (بۇلار شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن توختىماي ئالاقە قىلىش ئارقىلىق) ئىگىلىگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن ئاپام 2017-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىتاينىڭ جازا لاگېرغا سولۇنۇپ 2018-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى شۇ يەردە ۋاپات بولۇپكەتكەنلىگىنى 3 ھەپتىدىن كېيىن خەۋەر تاپتىم.

32. دادامنىڭ 2020-يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى خىتاينىڭ ئائىلەمگە بېسىم قىلىپ ماڭا قارشى سۆزلۈتۈپ دۇنياغا تارقاتقان پروپاگاندا سىن كۆرۈنۈشىدىن كۆرگەن. ئۇ سىن كۆرۈنۈشىدە ھەدەم خىتايچە خەتنى ئوقىغانلىقى مەلۇم، ئۇ مېنى ئەيىبلىگەن. ئۇ سىن كۆرۈنۈشىدە ھەدەم بىلەن بىرگە جيەنىم ۋە قېيىنئاچام ماڭا قارشى سۆزلىگەن ئەمما ئاكامنى سىندا كۆرسەتمىگەن. ئاڭلىشىمچە ئاكامغا

17 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپتۇ . ئىنىم مۇ ئۇ سىندا يوق. ئۇ 2016-يىلى تۇتۇپ كېتىلگەندىن كىيىن ھېچ خەۋەر يوق، نەدە ئىكەنلىكنى بىلمەيمەن. ئاكام بىلەن ئىنىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ب د ت نىڭ مەجبۇرى غايىب بولغانلار خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلار 2 قېتىم خىتاي ھۆكۈمتى بىلەن ئالاقە ئورناتقان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمتى تەرىپىدىن ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن .

تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن ئائىلەمنىڭ مەجبۇرى ماڭا قارشى سۆزلىگەن سىن كۆرۈنۈشىنى كۆرەلەيسلەر :

https://www.youtube.com/watch?v=cJW3za4taSM

مەن بۇ بايانلارنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى ۋە سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكمنى بىلدۈرىمەن .

دولقۇن ئىسا

2021-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى